# ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى

# ئاساس نىزامى

1.ماددا: تەشكىلاتنىڭ نامى: تەشكىكاتنىڭ نامى <ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> دۇر.

2.ماددا: <ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> نىڭ لوگوسى، 744- يىلدىكى ئۇيغۇر دەۋلىتىنىڭ سېرىق رەڭلىك تۇغىنىڭ باغرىغا، ئاي- يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئورنىتىلغان. ئۇيغۇرىيەنىڭ زىمىن خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن لوگو بولىدۇ.

3.ماددا: < ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> نىڭ نىشانى.

(1)مۇستەقىل- ھۆر ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركىستان) قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. تاجاۋۇزچى خىتاينى ۋەتىنىمىزدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىيە (شىرقىي تۈركىستان) جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولىدا ئىنقىلاپ قىلىدۇ .

> (2)ئۇيغۇر ھۆلۇك مۇنبىرى>، <خىتاي خەلىق جۇمھۇرىيىتى> دەۋلىتىنى، 1949- يىلى ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركىستان)غا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت ۋە دەۋلەت دەپ تونۇيدۇ. < شىنجاڭ> ئىسمىنى قەتئى رەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ، ھازىرقى ۋاقىتتا ۋە ھېچبىر زامان خىتاي دەۋلىتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەسلىگىنى دۇنياغا كۈچلۈك جاكارلايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرىيەدە قەتئى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنى ياجاۋۇزچى دەۋلەت دەيدۇ.

4 ماددا: <ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> تەشكىلاتنىڭ مەركىزى:

>ئۇيغۇر ھۆرلۇڭ مۇنبىرى> ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدا ئەنگە ئېلىپ تىزىملىتىلغان. شۆبىلىرى، ياۋروپادا، ئاسىيە قىتئەلىرىدە ئېچىلىدۇ .

5.ماددا: ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرىنىڭ سالاھىتى :

>ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى، ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركىستان) زىمىنىنى خىتايدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئىنقىلاۋىنى، خەلقئارادا ئوچۇق

شەكىلدە ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ مەركىزىدۇر.

6 .ماددا: <ئۇيغۇر ھۆرلۇك مۇنبىرى> نىڭ ئاساس پىرىنسىپى.

< (1)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركستان) مۇستەقىللىق مەسلىسىدە، دۇنيادا ھېچقانداق شەخس، ئورگان ۋە كۈچلەردىن مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇيغۇرىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەچسە بولمايدىغان قىزىل سىزىقى دەپ بېكىتىدۇ

< (2)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> مۇشتەقىل ئۇيغۇرىيە (شەرقىي يۈركستان)نىڭ دەۋلەت تىلى ئۇيغۇر تىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر يېزىقى ئاساس يېزىق قىلىپ قوللىنىدۇ دەپ بېكىتىدۇ. دەۋلەت دېنى ئىسلام، سۈنئى، خانەفىلىك بولىدىغان، ئۇيغۇرىستان خەلقىگە پۈتۈنلەي دىنى ئەركىنلىك بېرىلىدىغان جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى نىزام قىلىدۇ.

< (3)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى>، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ، ئۇرتاق خىتاپنامىسى بولغان، ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك هوقۇق بەلگىلىملىرىگە رەئايە قىلغان ئاساستا، سياسى، ئىختىسادى، دىنىي ۋە مەدەنيەت پاالىيەتلەر ئېلىپ بارىدۇ .

< (4)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركستان)نىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى دۇنياغا خىتاپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ تۇپراقتا تارىختىن بىرگە ياشاپ كەلگەن بارلىق يەرلىك قېرىداش مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك كىملىگى، تىلى، مەدەنيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىنى قوغدايدىغانلىغىنى، ئۇنىڭغا هۆرمەت كۆرسىتىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ .

< (5)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركستان)دا، ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمنى، تېررورىزىمنى، كومۇنىزىمنى ۋە ھەرقەنداق رادىكال ئاشىرىلىقنى قەتئى رەت قىلىدۇ ۋە قارشى تۇرىدۇ. ئۇيغۇرىستاندا، سياسەت ۋە دىن ئەركىن، كۆپ پارتىيەلىك، قانۇن دەۋلىتى قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىدۇ .

< (6)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىينى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، خەلقئارا مۇنسىۋەتلەر ئاساسىدا، بارلىق چارە تەدبىرلەرنى قوللۇنۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركستان)نى تاجاۋۇزچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ مۇستەقىل قىلىش ئىنقىلاۋىدا ۋاستە تاللىمايدۇ! ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئېرقىي قىرغىنچىلىققا، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە، دەۋلەت تېررورىغا قارشى ھەر تۈرلۈك كۈرەشلەرنى قىلىدىغانلىغىنى جاكارلايدۇ .

< (7)ئۇيغۇر هۆرلۈك مۇنبرى> ئۇيغۇرىيە (شەرقىي تۈركستان) نىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشەلەيدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ. قوللايدۇ ۋە دەستەكلەيدۇ.